## مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئادىيات 11 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

وَٱلۡعَٰدِيَٰتِ ضَبۡحٗا ﴿١﴾ فَٱلۡمُورِيَٰتِ قَدۡحٗا ﴿٢﴾ فَٱلۡمُغِيرَٰتِ صُبۡحٗا ﴿٣﴾ فَأَثَرۡنَ بِهِۦ نَقۡعٗا ﴿٤﴾
فَوَسَطۡنَ بِهِۦ جَمۡعًا ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٞ ﴿٦﴾ وَإِنَّهُۥ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٞ ﴿٧﴾ وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ ٱلۡخَيۡرِ
لَشَدِيدٌ ﴿٨﴾ ۞ أَفَلَا يَعۡلَمُ إِذَا بُعۡثِرَ مَا فِي ٱلۡقُبُورِ ﴿٩﴾ وَحُصِّلَ مَا فِي ٱلصُّدُورِ ﴿١٠﴾ إِنَّ رَبَّهُم بِهِمۡ يَوۡمَئِذٖ
لَّخَبِيرُۢ ﴿١١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا - چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا - چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى﴿1 - 5﴾. ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر﴿6﴾. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى اللەنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر﴿7﴾. ئىنسان پۇل - مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر﴿8﴾. قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟﴿9 - 11﴾.***

### اﷲ تائالانىڭ ئىنساننىڭ بېرىلگەن نېمەتلەرگە كۇپۇرلۇق قىلغۇچى ۋە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىگە جەڭ ئاتلىرى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى توغرىسىدا

اﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جەڭ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر تۈرلۈك جەڭ ئاتلىرى بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى**﴾ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامىمۇ غازاتلاردا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، ئەتىگەنلىك ئەزاننىڭ قۇلاق سالاتتى. ئەگەر ئەزان ئوقۇلغانلىقىنى ئاڭلىسا، ھۇجۇمغا ئۆتمەيتتى. ناۋادا ئەزان ئوقۇلغانلىقىنى ئاڭلىمىسا، ھۇجۇم قىلىشنى باشلايتتى.

﴿**(قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا - چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا - چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى، ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز**

www.munber.org

**ئىنكار قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللہ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىپ بايان قىلماقچى بولغىنى ئۆزىنىڭ: ﴿**ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر**﴾ دېگەن سۆزىدۇر. ھەسەن بەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ساناپ، اللہ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئونۇتقۇچىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

﴿**ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى اللەنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرىنچى خىل مەنىسى: ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە بايان قىلىنغاندەكتۇر.

ئىككىنچى خىل مەنىسى: اللہ تائالا ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿**ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرىنچى خىل مەنىسى: ئىنسان پۇل ـ مالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگۈچىدۇر دېگەنلىك، بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل مەنىسى: ئىنسان پۇل ـ مالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇنىڭغا خۇددى بېخىلدەك ناھايىتى ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرىدۇر.

## قىيامەت كۈنىدىن قورقۇتۇش توغرىسىدا

اللہ تائالا (بەندىلەرنى) بۇ دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇپ، ئاخىرەتكە رىغبەتلەندۈرۈپ، (ئۇلارغا) دۇنيا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ۋە ئىنسانلار (ئاخىرەتتە) دۇچ كېلىدىغان قىيىن قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟**﴾ يەنى اللہ تائالا ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ (زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلماستىن) مۇكاپات ياكى جازانى تولۇق بەرگۈچىدۇر.

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئادىيات سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاياغلاشتى.

www.munber.org